# 5049 ـ تېپىۋېلىنغان مالنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سوئال

يولدىن مال تېپىۋالغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟، ئۇ كىشىنىڭ شۇ مالنى ئېلىشى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ ئىسلام پىقھى باپلىرىدىن بىرى بولغان تېپىۋېلىنغان نەرسىگە ئالاقىدار سوئال بولۇپ، تېپىۋېلىنغان نەرسە دېگەن: ئىگىسىدىن چۈشۈپ قالغان مالدىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى مالنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئېھتىرام قىلىش ۋە ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش تېپىۋېلىنغان مالمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېساپلىنىدۇ.

ئىگىسىدىن چۈشۈپ قالغان مال مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ھالەتتىن خالى بولمايدۇ: بىرىنچى ھالەت: ئوتتۇرىھال نەرسىلەر: ئىنسانلار چۈشۈپ قالسا ئېتىبارغا ئالمايدىغان؛ قامچا، نان، مېۋە، ھاسا دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، بۇنى تېپىۋالغان كىشى ئۇنى ئىگىسىگە بىلدۈرمەي دەپ ئاۋارە بولماي ئۆزى ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تېپىۋېلىنغان ھاسا، قامچا ۋە ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلدى». [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

ئىككىنچى ھالەت: قۇرۇلمىسى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كىچىك يىرتقۇچلاردىن مۇداپىئە قىلالايدىغان تۆگە، ئات، كالا، خېچىر قاتارلىق ھايۋانلار ياكى ئۇچالايدىغان قۇشلار ياكى قاچالايدىغان كىيىك، بۇغا قاتارلىقلار ياكى مەگەن چىشلىرى بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان يىلپىزغا ئوخشاش ھايۋانلارنى يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھايۋانلارنى تېپىۋالدىم دەپ يولدىن ئېلىپ كېتىش ھارام بولىدۇ، ئۇنى ئېلىپ كەتكەن كىشى ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنى تونۇتۇپ ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىگىسىنى تاپالمىغان تۆگە توغرىسىدا سورىغاندا؟ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ تۆگە بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ ئۇنىڭ ئېچىملىكى ئۆزى بىلەن بىرگە، ئايىغى بىلەن سۇ بار جايغا بارالايدۇ، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ يۈرىيدۇ، ھەتتا ئۇنى ئىگىسى تېپىۋالىدۇ»دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئۆمەر رەزيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىم ئىگىسىنى تاپالمىغان نەرسىنى ئالسا ئۇ كىشى ئىزىپ كەتكۈچىدۇر يەنى خاتا ئىش قىلغۇچىدۇر».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇنىڭ تېپىۋېلىنمايدىغانلىقىدىن بەلكى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى، ئىگىسىگە ئۇچراشقۇچە سۇ ئىچىپ يوپۇرماقلارنى يەپ ياشايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئۆزى چوڭ، كۆتۈرۈش ئېغىر بولغان بەزى نەرسىلەرمۇ بۇنىڭغا قېتىلىدۇ: چوڭ قازان، كۆتەك-ئوتۇن، تۆمۈر قاتارلىق ئۆزى ساقلىنىدىغان، زايە بولۇپ كەتمەيدىغان ۋە يالغۇز ئورنىدىن يۆتكىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى تېپىۋالدىم دەپ ئېلىپ كېتىش ھارام بولىدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويۇش ياخشىدۇر.

ئۈچىنچى ھالەت: چۈشۈپ قالغان نەرسە باشقا ماللارغا ئوخشاش مال بولسا، پۇل، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۇششاق بۇيۇملار، كېچىكلىكىدىن يىرتقۇچلاردىن ساقلىنالمايدىغان قوي، تايچاق، موزاي ۋە بوتۇلاق قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالغۇچى كۆز قىرىمنى سالمايمەن دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسا ئۇنى ئالسا بولىدۇ، بۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى تۈر: گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان موزاي، قوي ۋە توخۇ قاتارلىق نەرسىلەر بولسا، بۇنى تېپىۋالغۇچى ئۆز يېنىدا تۇتىدۇ، ئىگىسى كەلسە قايتۇرۇپ بېرىمەن دېسە، ئۇ كىشىگە ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولىدۇ:

بىرى: ئۇ ھايۋانلارنى يېۋېتىپ شۇ ۋاقىتتىكى قىممىتىنى ھېساپلاپ قويىدۇ.

ئىككىنچى: ئۇ ھايۋانلارنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى ئىگىسىنى تاپقاندا بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى: ئۇ ھايۋانلارنى ساقلاپ قويىدۇ، ئۆز يېنىدىن مال سەرپ قىلىپ باقىدۇ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدۇ، ئىگىسى كەلگەندە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ سەرپ قىلغان خىراجىتىنى تەلەپ قىلىپ ئاندىن تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى تېپىۋېلىنغان قوي توغرىسىدا سورىغان كىشىگە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇنى تۇتقىن، ئۇ ياكى سەن ئۈچۈن ياكى قېرىندىشىڭ ئۈچۈن ياكى بۆرە ئۈچۈن بولىدۇ» بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇنىڭ مەنىسى: ئۇ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇنى ياكى سەن ئالىسەن ياكى باشقا قېرىندىشىڭ ئالىدۇ ياكى ئۇنى بۆرە يەيدۇ دېگەن بولىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ بۇ مۇبارەك ھەدىس توغرىسىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىگىسى يوق قوينى ئېلىپ كېتىش دۇرۇس بولىدۇ، قوينىڭ ئىگىسى كەلمەي قالسا، قوي تېپىۋالغۇچىنىڭ بولىدۇ، شۇ ھالەتتە ئۆلتۈرۈپ يەۋەتسىمۇ بولىدۇ، كېيىن ئىگىسى كەلگەندە ئۇنىڭغا قىممىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ياكى شۇ ۋاقىتتا سېتىپ پۇلىنى ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭغا خىراجەت قىلىپ باقىدۇ. ئەگەر ئۇ قوينى تېپىۋالغان كىشى ئۆلتۈرۈپ يېۋېتىشتىن بۇرۇن ئىگىسى كىلىپ قالسا، ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلگەن".

ئىككىنچى تۈر: بۇزۇلۇپ كېتىشتىن قورقىدىغان نەرسىلەر: قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلار: ئۇنى تېپىۋېلىپ ئىگىسى

ئۈچۈن ئىلىپ قويغان كىشى يېۋىتىپ ئىگىسىگە ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىدۇ ياكى سېتىپ ئىگىسى كەلگۈچە پۇلىنى ساقلاپ قويىدۇ.

ئۈچىنچى تۈر: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى تۈردىن باشقا ئالتۇنـكۈمۈش، قاچاـقۇچا دېگەندەك باشقا ماللار بولسا، تېپىۋالغۇچىنىڭ قولىدا ئامانەت شەكلىدە ساقلىنىدۇ، ئىنسانلار توپلاشقان ئورۇنلاردا تونىتىلىدۇ.

ـچۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى تونۇتۇپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىشەنچ قىلالىسا ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. بۇ توغرىدا زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن تېپىۋېلىنغان ئالتۇنـكۈمۈش توغرىسىدا سورالغان ئىدى؟، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئۇنىڭ ھەميانلىرىنى، ئېغىزىنى بوغىدىغان يىپلىرىنى بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كەلمىسە، ئۇنى خىراجەت قىلغىن، لېكىن ئۇ نەرسە سېنىڭ قولۇڭدا ئامانەت بولۇپ تۇرىدۇ، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىگىسى كىلىپ قالسا، ئۇنى ئىگىسىگە بىرسەن» دېدى. ئىگىسى يوق قوي توغرىسىدا سورىغان ئىدى؟، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئۇنى تۇتقىن، ئۇ سەن ئۈچۈن ياكى قىرىندىشىڭ ئۈچۈن ياكى بۆرە ئۈچۈن بولىدۇ»دېدى. ئىگىسى يوق تۆگە توغرىسىدا سورىغان ئىدى؟، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «تۆگە بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟تۆگە ئۇسسۇزلۇققا چىدايدۇ، سۇ بار ئورۇنغا بارالايدۇ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيەلەيدۇ، ئاخىرىدا ئىگىسىنى تاپىدۇ ياكى ئىگىسى ئۇنى تاپىدۇ» دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ: «ئۇنىڭ ھەميانلىرىنى، ئېغىزىنى بوغىدىغان يىپلىرىنى تونۇتقىن دېگەن سۆزىدىن: پۇل سالغان قاپچۇق بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى بوغىدىغان يىپىنى تونىتقىن دېمەكچى، بىر يىل تونىتقىن دېگەندىن: بازارلاردا، چوڭ جامىئەـمەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا، قاتناش بېكەتلىرى دېگەندەك كىشىلەر كۆپ توپلىشىدىغان ئورۇنلاردا تولۇق بىر يىل ئېلان قىلىڭ دېمەكچى، پۇلنى تېپىۋالغان كىشى بىرىنچى ھەپتىدە ھەر كۈنى ئېلان قىلىدۇ، چۈنكى پۇل ئىگىسىنىڭ بۇ ھەپتىدە كىلىشى بەك مۇۋاپىق، ئاندىن كېيىنكى ھەپتىلەردە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرـئادىتى بويىنچە ئىش قىلىدۇ. ئۆتكەن زامانلاردا تېپىۋالغان نەرسىلەرنى بۇ شەكىلدە تونۇرۇپ قىلغان بولسا، ھازىرقى دەۋرىدە بىر نەرسە تېپىۋالسا ئۇ نەرسىنى مۇشۇ دەۋرگە مۇناسىپ ئۇسۇلدا تونىتىشى لازىم. مۇھىم بولغىنى مەقسەتنىڭ ھاسىل بولىشىدۇر. مالنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەدىستە بايان قىلىنغان پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ: «ئۇنىڭ ھەميانلىرىنى، ئېغىزىنى بوغىدىغان يىپلىرىنى تونۇتقىن» دېگەن سۆزىگە كۆرە تېپىۋېلىنغان نەرسىنى، بارلىق سۈپەتلىرى بىلەن تونىتىپ ئىگىسى شۇ سۈپەتلەرنى تولۇق بايان قىلىپ بەرسە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تولۇق بايان قىلىپ بېرەلمىسە بەرمەسلىك ئۈچۈن تونۇشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ: «ئەگەر ئىگىسى كەلمىسە، ئۇنى خىراجەت قىلغىن» دېگەن سۆزى، مالنى تېپىۋالغۇچى ئۇنى ئېلان قىلىپ تونۇتۇپ تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاپچۇقى، يىپلىرى، مىقدارى، سۈپىتى ۋە تۈرى قاتارلىق بارلىق سۈپەتلىرىنى تولۇق تونۇتۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى خىراجەت قىلمايدۇ، بىر يىلدىن كېيىن ئىگىسى كېلىپ

ئۇنىڭ ھەممە سۆيەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرسە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« كۆنلەردىن بىر كۆنى ئۇنىڭ ئىگىسى كىلىپ قالسا، ئۇنى ئىگىسىگە بىرسەن» دىگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ،

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرگە كۆرە، تىپىۋېلىنغان نەرسىدە تۆۋەندىكى ئىشلار لازىم بولىدۇ:

بىرىنچى: بىر نەرسىنى تىپىۋالسا، ئۇنى ئالسا ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بىرىدىغان ۋاقىتقىچە ئېلان قىلىپ، ساقلاشقا كۆزى يەتسە، ئۇنىڭدىن باشقا مەقسىتى بولمىسا ئالسا بولىدۇ، ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىسا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئالماسلىق كېرەك، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئالسا باشقىلارنىڭ مېلىنى ئىزنىسىز ئېلىۋالغان بۇلاڭچىغا ئوخشاپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ مېلىنى توغرا بولمايدىغان يوللار بىلەن ئالىدۇ، بۇنداق ھالەتتە ئېشى باشقىلارنىڭ مېلىنى زايا قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئىككىنچى: تىپىۋېلىنغان مالنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قاپچۇقى، يىپى، پۇلنىڭ مىقدارى، سۆپىتى ۋە تۈرىگە ياخشى قاراپ ئېلىش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: تولۇق بىر يىل ئېلان قىلىپ تونۇتۇش كېرەك، بولۇپمۇ دەسلەپكى ھەپتىدە ھەر كۆنى جامائەت سورۇنلىرىغا بىرىپ ئېلىن قىلىپ تونۇتۇش لازىم، ئۇنىڭدىن كىيىن شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىنچە ئىش قىلىش كېرەك، تونۇتقاندا: بازارلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا، مەسچىتلەرنىڭ ئېشىكى ئالدىدا مۇنداق نەرسە يوقۇتۇپ قويغان كىشى بارمۇ؟ دىگەن سۆزلەرنى قىلىش كېرەك، مەسچىتنىڭ ئېچىدە ئېلان قىلماسلىق لازىم، چۈنكى مەسچىت دىگەن بۇنىڭ ئۈچۈن بىنا قىلىنمىغان، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مەسچىتتە يوقاپ كەتكەن نەرسىسىنى سۆرۈشتە قىلىۋاتقان كىشىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇنىڭغا ئالاھ تائالا يوقالغان نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي دەڭلار».

تۆتىنچى: مالنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئۇنىڭ ھەممە سۆپەتلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە مالنى ھۆججەت سورىماستىن ۋە قەسەم قىلدۇرماستىن بېرىش كېرەك.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ بايان قىلىپ بەرگەن سۆپىتى، دەلىل-ھۆججەت ۋە قەسەمنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، بەلكى سۆپەتلىگەن سۆپىتى دەلىل-ھۆججەت ۋە قەسەمدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ كىشىگە بېرىدىغان مال زىيادە بولغان بولسا زىيادىسى بىلەن قېتىپ بېرىدۇ. ئەگەر تولۇق سۆپەتلەپ بېرەلمىسە، مالنى بەرمەيدۇ، چۈنكى مال ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئامانەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىغان كىشىگە مالنى بېرىش توغرا بولمايدۇ.

بەشىنچى: مالنى تولۇق بىر يىل تونۇتقاندىن كىيىنمۇ ئىگىسى كەلمىسە، ئۇ ۋاقىتتا مال تىپىۋالغۇچىنىڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇنى خىراجەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ سۆپەت، مىقدارلىرىنى ئېنىق قىلىپ قويۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ مالنىڭ ئىگىسى قاچان كېلىپ، ئۇنى تولۇق سۆپەتلەپ بەرسە، مال قولىدا بولسا ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئەگەر قولىدا بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىغا شۇنىڭ قىممىتىنى بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى كۆڭۈل بۆل     ىدىغان مالنىڭ ئىگىسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن مال ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن

چىقىپ كېتىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: ئىسلامنىڭ تىپىۋېلىنغان نەرسە توغرىسىدىكى ئىشىغا كەلسەك، بۇنىڭدىن مالغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش، مۇسۇلمانىنىڭ مېلىنى ھۆرمەتىنى قىلىش ئىكەنلىكى نامايەندە بولىدۇ، ئومۇمەن بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاللاھ تائالادىن ھەممەيلەننى ئىسلامدا مۇستەھكەم قىلىشنى ۋە مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ۋاپات تاپتۇرۇشنى سورايمىز.